# ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەت دۇنياۋى ئەھمىيەت

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسى تاماملانغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىزدە 100 مىليون ئەتراپىدىكى نامرات نوپۇس نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2030 ـ يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسىدىكى نامراتلارنى ئازايتىش نىشانىنى ئون يىل بۇرۇن ئىشقا ئاشۇردۇ، دۇنيادا ھېچقانداق بىر دۆلەت بۇنداق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇنداق كۆپ كىشىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرەلىگەن ئەمەس، بۇ، جۇڭگو ۋە دۇنياغا نىسبەتەن مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ دۆلىتىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا قولغا كەلتۈرگەن ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنىڭ ئىنتايىن مۇشكۈل ئىكەنلىكى، ئاخىرقى يىلدا يەنە يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى، تۈرلۈك خىزمەت، ۋەزىپىلەرنىڭ تېخىمۇ ئېغىر، تەلەپنىڭ تېخىمۇ يۇقىرىلىقىنى تەكىتلەپ، بىزنى ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئۈچۈن، ئىنسانىيەت ئۈچۈن مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ ئۇلۇغ ئىشنى قەتئىي تاماملاشقا چاقىرىق قىلدى!

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بېكىتكەن 2020 ـ يىلغا بارغاندا دۆلىتىمىزدە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم ئاساسىدا يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، نامرات ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى تاشلاش، رايون خاراكتېرلىك ئومۇمىي نامراتلىقنى ھەل قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىگە ئاساسەن، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ئومۇميۈزلۈك باشلىدى. بۇ يىللاردا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سالمىقىنىڭ زورلۇقى، كۆلىمىنىڭ كەڭلىكى، تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى مىسلىسىز بولدى، مۇۋەپپەقىيەتلەر پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى. بىز جۇڭگوچە نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش يولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تېپىپ چىقىپ، جۇڭگوچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈزۈم سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈپ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى «ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ھېكايىسى»نى يېزىپ چىقتۇق. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىسى تاماملىنىشقا ئاز قالدى، نامرات ئاممىنىڭ كىرىم سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆستى، نامرات رايونلارنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى كۆرۈنەرلىك تېزلەشتى، نامراتلىقنى تۈزەش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، جۇڭگونىڭ نامراتلارنى ئازايتىش لايىھەسى ۋە نامراتلارنى ئازايتىش مۇۋەپپەقىيەتلىرى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. دۆلىتىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلدى، بۇنىڭغا پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە قان ـ تەرى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، كەڭ كادىرلار، ئامما پۇختا ئىشلەپ ۋۇجۇدقا چىقارغان.

نامراتلىققا قارشى تۇرۇش قەدىمدىن ھازىرغىچە، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدىكى چوڭ ئىش. نامراتلىقنى تۈگىتىش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئورتاق بېيىشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇش سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى، شۇنداقلا پارتىيەمىزنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. پارتىيەمىز خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇپ، ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۇنياغا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلىدى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتا جۇڭخۇا مىللىتىدە نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەن مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى بىز بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ قولىدا تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىنىدۇ. ھازىر، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئەڭ ئاخىرقى پەيتكە كەلدى، ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتتىن ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلغۇچە دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىق ۋە خىرىس يەنىلا مۇشكۈل. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر چوقۇم ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، بۇرچىنى ئادا قىلىپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى تىرىشىپ ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، جاسارەت بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تارىخقا، خەلققە لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇشى كېرەك.

نامراتلىقنى تۈگىتىش قەدىمدىن تارتىپ ئىنسانلار ئىنتىزار بولۇپ كەلگەن غايە. دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو ئىزچىل دۇنيانىڭ نامراتلارنى ئازايتىش ئىشلىرىنىڭ پائال تەشەببۇسچىسى ۋە كۈچلۈك تۈرتكىچىسى بولۇپ كەلدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، دۆلىتىمىز ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ھەيۋەتلىك نامراتلارنى ئازايتىش مۇساپىسىنى باشلاپ، ئىنسانىيەتنىڭ نامراتلىققا قارشى تۇرۇش تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى. بىزنىڭ نامراتلارنى يۆلەش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىز ۋە تەجرىبىلىرىمىز يەرشارىۋى نامراتلارنى ئازايتىش ئىشلىرىغا جۇڭگونىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە جۇڭگو لايىھەسىنى تەقدىم قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشتى، نۇرغۇن دۆلەت ۋە خەلقئارا تەشكىلات جۇڭگونىڭ نامراتلارنى ئازايتىش تەجرىبىلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئىچىدە، جۇڭگولا تېز تەرەققىي قىلىش ۋە كەڭ كۆلەمدە نامراتلارنى ئازايتىشنى ماس قەدەمدە ئىشقا ئاشۇردى، 100 مىليون ئەتراپىدىكى نامرات نوپۇس ئىسلاھات ـ تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىلەندى، 1 مىليارد 400 مىليون كىشى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە ئورتاق قەدەم تاشلىدى. بۇ، قالتىس دۇنياۋى مۆجىزە، جۇڭگونىڭ ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرىغا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەخىرلىنىشىگە ۋە ئىپتىخارلىنىشىغا ئەرزىيدۇ! دۆلىتىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا كىرگۈزۈلۈشكە مۇناسىپ!

«ئىشنىڭ باشلىنىشى ئاددىي ۋە ئاسان بولسىمۇ، راۋاجلانغانسېرى مۇرەككەپلىشىدۇ ۋە قىيىنلىشىدۇ.» يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، پۈتۈن كۈچلەرنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ قورغاننى ئېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئىنسانىيەت تەرەققىيات تارىخىدىكى ئۇلۇغ رىۋايەتنى پۈتۈپ چىقايلى!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭخې يادرو سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى شىنخۇا توك تارقىتىش شىركىتى ئاراتاش سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى گېڭ شىنچۈن مۇنداق دېدى: ھازىر، قۇرۇلۇشقا قاتناشقان ھەرقايسى ئورۇنلار قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، قۇرۇلۇش قىلىش، قۇرۇلۇشنى تېزلىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئەسلىدىكى نىشان بويىچە تاماملاشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈپ، كەلكۈندىن بىخەتەر ئۆتۈشكە كاپالەتلىك قىلماقتا ھەم يىل ئاخىرىدا توك تارقىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تۆۋەن ئېقىندىكى 4 مىليون خەلققە بەخت يارىتىدۇ.

ھازىر قۇرۇلۇۋاتقان نىيە ناھىيەسى نىيە سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشى كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، سۇغىرىش، توك تارقىتىش قاتارلىق ئىقتىدارلارنى قوشۇمچە ھازىرلىغان بولۇپ، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن شۇ جاي ئۈچۈن يېڭىدىن 40 مىڭ مو سۇغىرىش كۆلىمىنى كۆپەيتكىلى، 100 مىڭ مو سۇغىرىش كۆلىمىنى تىزگىنلىگىلى بولىدۇ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ۋە شۇ جاينىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش تەرەپلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ. تۈر قۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، نىيە ناھىيەسى 300 توننا سېمونت، 120 توننا پولات چىقىرىپ ھەمدە ماسكا، بەدەن تېرمومېتىرى، دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى، تۇمانلاشتۇرۇش دورىسى قاتارلىقلارنى قۇرۇلۇش نەق مەيدانىغا يەتكۈزۈپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇۋاتقان ئىشچىلارغا يېڭى، يېتەرلىك يېمەكلىكلەرنى تەقسىملەپ يەتكۈزۈپ بەردى.

خوشۇت ناھىيەسىدىكى مۇھىم، زور خەلق تۇرمۇشى سۇچىلىق قۇرۇلۇشى بولغان بوسىتەڭ سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇش تۈرىدە 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى «ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۇنۇپكىسى» بېسىلدى. بۇ قۇرۇلۇش شىنجاڭنىڭ نۇقتىلىق سۇچىلىق قۇرۇلۇش تۈرى بولۇپ، 2019 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قۇرۇلۇش باشلانغان، پىلاندىكى قۇرۇلۇش مۇددىتى 36 ئاي بولۇپ، 2022 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن بۇرۇن تولۇق تاماملاش مۆلچەرلەندى.

3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، جۇڭگو قاتناش قۇرۇلۇشى پاي چەكلىك شىركىتى 2 ـ تاشيول قۇرۇلۇشى ئىدارىسى چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ ئۈرۈمچى ـ لوپنۇر يۇقىرى سۈرئەتلىك يول تۈرىنىڭ 150 نەپەر ئىش ئورنىغا قايتىدىغان خادىمى ھۆددە ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ شىئەندىن كورلىغا يېتىپ كەلدى، ئاندىن ئۈرۈمچى ـ لوپنۇر يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى تىيانشان غالىبىيەت تونىلى قۇرۇلۇشى ئىش ئورنىغا بېرىپ، يېپىق ھالەتتە قۇرۇلۇش قىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئۇلۇغچات ناھىيەسىنىڭ جىگرا بويىدىكى كەنت، مەھەللىلەرنىڭ ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىدا مۇددەتتىن بۇرۇن ئىش باشلاندى، نەق مەيداندىكى قۇرۇلۇش خادىملىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى ياخشى ئىشلىگەندىن كېيىن، تۈۋرۈك تىكلەپ سىم تارتىش خىزمىتىنى باشلاپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى تېزلەتتى.

بۇ يىل، شىنجاڭ سېلىنمىنىڭ ئاچقۇچلۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى سالمىقىنى داۋاملىق زورايتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئاساسىنى پۇختىلاپ، كورلا ـ گولمۇد تۆمۈريولى (شىنجاڭ بۆلىكى)، ئالتاي ـ كۆكتوقاي ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولى، كېرىيە ئايرودرومى، غۇلجا ئايرودرومىنى ئۆزگەرتىش ـ كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى پۈتتۈرىدۇ؛ جياڭجۈنمياۋ ـ نوم تۆمۈر يولى، شەرقىي جۇڭغار (گۇچۇڭ) ئايرودرومى قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇھىم، زور قۇرۇلۇشلارنى باشلايدۇ؛ خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈر يولى، ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتىنىڭ شىمالىي رايونىنى ئۆزگەرتىش ـ كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، موڭغۇلكۈرە ئايرودرومى قاتارلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى تېزلىتىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىگىلىنىشىچە، بۇ مۇكاپاتلاش دائىرىسى ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى خىزمەتكە قاتنىشىش داۋامىدا ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغان، بولۇپمۇ گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان داۋالاش كوللېكتىپلىرى ۋە شەخسلەر، نۇقتىلىق ھالدا شىنجاڭنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتى، بەلگىلەنگەن داۋالاش ئاپپاراتلىرى، قىزىتما ئامبۇلاتورىيەلىرى، قالدۇرۇپ كۆزىتىش كېسەلخانىلىرى، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ھەمدە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا دىياگنوز قويۇش، داۋالاش، پەرۋىش قىلىشقا بىۋاسىتە قاتناشقان تېببىي خادىملارغا مايىللاشتۇرۇلىدىكەن.

سىياسەت ـ بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئىپادىسى گەۋدىلىك، بىرقەدەر زور تۆھپە قوشقان، ئۆز ئورنىدا نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رول ئوينىغان داۋالاش كوللېكتىپلىرى ۋە شەخسلەر تەقدىرلىنىدىكەن؛ بۆسۈش خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن، مۇھىم، زور تۆھپە قوشقان، ئۆز رايونى، ئۆز كەسپى، ئۆز ساھەسىدە بىرقەدەر زور تەسىر پەيدا قىلغان داۋالاش كوللېكتىپلىرى ۋە شەخسلەرگە تۆھپە يېزىلىدىكەن؛ مۇھىم، زور بۆسۈش خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن، كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە مۇھىم، زور تەسىر پەيدا قىلغان داۋالاش كوللېكتىپلىرى ۋە شەخسلەرگە چوڭ تۆھپە يېزىلىدىكەن؛ دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ باھالاش ـ تەقدىرلەشكە ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى خىزمەتكە قاتنىشىش داۋامىدا تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولغان داۋالاش كوللېكتىپلىرى ۋە شەخسلەرگە نام بېرىلىدىكەن.

تەقدىرلەنگەن، تۆھپە يېزىلغان، چوڭ تۆھپە يېزىلغان داۋالاش كوللېكتىپلىرى ۋە شەخسلەرگە ھەر دەرىجىلىك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قوماندانلىق ئىشتابلىرى مۇكاپات گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىدىكەن؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە تۆھپە يېزىلغان، چوڭ تۆھپە يېزىلغان شەخسلەرگە مېدال تارقىتىلىدىكەن، تۆھپە يېزىلغان، چوڭ تۆھپە يېزىلغان كوللېكتىپلارغا تەقدىرنامە تارقىتىلىدىكەن.

---

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار ئەجرىسى

## خۋاك دۇگخۋا:

# خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي خەلقنى كۆزلىدى مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ ئامانلىقنى ساقلىدى



خۋاك دۇگخۋانىڭ سۈرىتى.
□شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نىڭبو، 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر گۇ شياۋلى)** «ئوت بىلەن ئېلىشىشتا، مەن ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ئىنقىلابىي جاسارەت بىلەن ھەممىگە يۈزلىنىپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قۇربان بولۇشتىن قورقماي، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاساسىي مەقسىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ‹خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي خەلقنى كۆزلەش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ ئامانلىقنى ساقلاش› قەسىمىنى ھەر ۋاقىت ئەستە چىڭ ساقلايمەن...» پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسىدىكى بۇ تەنتەنىلىك ۋەدىگە، خۋاك دۇگخۋانىڭ ئوت ئۆچۈرۈش ئىشلىرىغا بولغان چەكسىز ساداقىتى ۋە قىزغىن مۇھەببىتى سىڭگەن، شۇنداقلا بۇ ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى كارتىنىسى.

1977 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، خۋاك دۇگخۋا شاڭخەي شەھىرىنىڭ چۇڭمىڭ ناھىيەسى (ھازىرقى چۇڭمىڭ رايونى)دىكى بىر ئاددىي دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. خۋاك دۇگخۋانىڭ دادىسى ئۇزاق مۇددەت كېسەل بولۇپ ساقىيالمىغانلىقتىن، ئەمگەك قىلالمايتتى، شۇڭا ئاپىسى ئۆزى يالغۇز يەر تېرىپ، پۈتۈن ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدايتتى. خۋاك دۇگخۋا كىچىكىدىنلا ئائىلىسىنىڭ ئېغىر ـ ئېغىر ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ، قىسقۇچپاقا تۇتۇش، سېرىق يىلان بېلىق تۇتۇش ئارقىلىق ئاز ـ ئازدىن پۇل يىغىپ ئۆزىنىڭ ھەر يىللىق ئوقۇش پۇلىنى تەييارلايتتى. جاپالىق ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتى خۋاك دۇگخۋانىڭ ئىرادىسىنى تاۋلىغان، 1998 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، خۋاك دۇگخۋا شەرەپ بىلەن ھەربىي سەپكە كىرىپ، بىر خەلق ئوت ئۆچۈرۈش جەڭچىسىگە ئايلانغان.

قىسقا مۇددەتلىك ھەربىي ھاياتىدا، خۋاك دۇگخۋا قىسمىنى سۆيۈپ ماھارەت ئىگىلەپ، قېتىرقىنىپ مەشىق قىلغان. ھەربىي سەپكە كىرىپ ئىككىنچى يىلى، ئۇ نۇرغۇن خىمىيە سانائىتى ئوت ئاپىتى دېلو مىساللىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، 20 مىڭ خەتلىكتىن ئارتۇق ئۆگىنىش خاتىرىسى يېزىپ، ناھايىتى تېزلا پۈتۈن ئەترەتكە تونۇلغان «ئوت ئەھۋالى مۇتەخەسسىسى»گە ئايلانغان. خۋاك دۇگخۋانىڭ سەپداشلىرى ئەترەتتە خۋاك دۇگخۋانىڭ ھەم جەڭچى، ھەم ئوتتۇرا ئەترەت مەشىق سايمانلىرى ئامبىرىنىڭ ساقلىغۇچىسى ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ بەردى. مەيلى قانداق ۋاقىتتا بولسۇن، ئۇ باشقۇرىدىغان ئوت ئۆچۈرۈش سايمانلىرى ھامان رەتلىك ھەم ئېنىق ئىدى. «بىز يېڭى دەۋر ئوت ئۆچۈرۈش جەڭچىلىرى ئوت ئۆچۈرۈش ماھارىتىنى جاپالىق مەشىق قىلىپ، ئوت ئۆچۈرۈش ـ خەتەردىن قۇتقۇزۇش، قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش قاتارلىق ماھارەتلەرنى ھەقىقىي ياخشى، پىششىق مەشىق قىلغىنىمىزدىلا، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكى خەۋپكە ئۇچرىغاندا، بىز ئالدىن پىششىق تېخنىكا ماھارىتىمىز بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، خەلق رازى بولىدىغان نەتىجە يارىتىشقا ئاتلىنالايمىز.» خۋاك دۇگخۋا خاتىرىسىگە ئەنە شۇنداق يازغان.

خۋاك دۇگخۋا ھەر قېتىم چارلاشقا چىققاندا، ھەمىشە خەۋپ ـ خەتەرگە بىۋاستە يۈزلىنىدىغان «بىرىنچى تىدۆي»دە پەيدا بولاتتى. 1999 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، بىر شىركەتنىڭ ماي ئىسكىلاتى پارتلاپ ئوت ئاپىتى يۈزبەرگەن، ھەربىي سەپكە كىرگىنىگە ئەمدىلا يېرىم يىل بولغان خۋاك دۇگخۋا سەپنىڭ ئالدىدا ماڭغان، قىزىق ماي ئۇنىڭ جەك كىيىمىنى چىلىق ـ چىلىق ھۆل قىلىۋەتكەن، بەدىنى كۆيۈپ نۇرغۇن سۇلۇق قاپارتما ئۆرلەپ چىققان؛ 1999 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، بىر سودا شەھەرچىسىدە ئېغىر، زور ئوت ئاپىتى يۈزبېرىپ، خۋاك دۇگخۋا ۋە جەڭچىلەر ئوت ئۆچۈرۈشكە ئاتلانغان، ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئوت كەتكەن مەيدانغا كىرىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى قۇتقۇزغان؛ 2000 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، خۋاك دۇگخۋا بىر قېتىملىق ئوت ئۆچۈرۈش جېڭىدە سەپداشلىرى بىلەن بىللە قاپسىلىپ قالغان بەش كىشىنى ئەمدىلا قۇتقۇزۇپ چىقىشىغا، ئوت ئاپىتى يۈزبەرگەن ئۆينىڭ ئۆگزىسى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن... ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، خۋاك دۇگخۋا 80 قېتىمدىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك ئوت ئۆچۈرۈش جېڭى ۋە يۈز نەچچە قېتىملىق ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىشكە قاتناشقان، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، قويۇق ئىس ـ تۈتەك، ئوت يالقۇنى ئىچىدىن سەككىز ئاممىنى قۇتقۇزۇپ چىقىپ، «مۇنەۋۋەر ئەسكەر» بولۇپ باھالانغان، بەش قېتىم تەقدىرلەنگەن.

2000 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ فېڭخۋا شەھىرى (ھازىرقى نىڭبو شەھىرىنىڭ فېڭخۋا رايونى) خۇڭجى كېمە رېمونت قىلىش زاۋۇتىدىكى 250 توننا كېلىدىغان بېلىقچىلىق كېمىسىگە ئوت كەتكەن، نىڭبو شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئوت ئۆچۈرۈش تارماق ئەترىتى فېڭخۋا چوڭ ئەترىتىنىڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى دەرھال نەق مەيدانغا بېرىپ ئوت ئۆچۈرۈشكە قاتناشقان. ئوت بىرقەدەر كۈچلۈك بولغاچقا، 18 ئىشچى ـ خىزمەتچى ھەم ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرى كېمىدە قاپسىلىپ قالغان. خەتەرلىك پەيتتە، خۋاك دۇگخۋا نەق مەيداندىكى قوماندانغا «مەن ئاستىنقى بۆلۈمچىگە كىرىپ ئادەم قۇتقۇزاي» دەپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلغان.

ئەينى چاغدا پۈتكۈل بۆلۈمچە خۇددى يالقۇنجاپ تۇرغان مەشكە ئوخشاپ قالغان بولۇپ، ھەممىلا يەرنى ئوتنىڭ قىزىق ھارارىتى قاپلىغاچقا، قېلىن ئوت ئۆچۈرۈش كىيىممۇ دال بولالمىغان، ھەممە يەرنى ئىس ـ تۈتەك قاپلاپ تىنىق ئالغىلى بولمىغان. خۋاك دۇگخۋا مول قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش تەجرىبىسىگە تايىنىپ، تۆۋەنكى بۆلۈمچىدىكى قاپسىلىپ قالغانلارنىڭ يېنىغا ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاشقان، ئۇ قۇتقۇزۇشنى باشلىماقچى بولغاندا، تۇيۇقسىز بېلىقچىلىق كېمىسىدە كۈچلۈك پارتلاش يۈزبەرگەن. «خۋاك دۇگخۋا! دۇگخۋا تېز چىق!» سەپداشلىرى دەرھال ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ قۇتقۇزماقچى بولغان، ئەمما ئۇنىڭدىن جاۋاب كەلمىگەن، پەقەت قاپقارا ئىس ـ تۈتەكنىڭ كېمە بۆلۈمچىسىنىڭ سىرتىغا توختىماي ئېتىلىپ چىقىۋاتقانلىقىنىلا كۆرگىلى بولاتتى...

خۋاك دۇگخۋا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى ئۇنىڭغا «جۇڭگو ياشلىرى 4 ـ ماي مېدالى»، «يېڭى دەۋر مۇنەۋۋەر جامائەت خەۋپسىزلىكى ئوت ئۆچۈرۈش قوغدىغۇچىسى» دېگەن نامنى تولۇقلاپ بەرگەن، جېجياڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «خەلق قوغدىغۇچىسى» دېگەن شەرەپلىك نامنى تولۇقلاپ بەرگەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)